# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي 4
پەيشەنبە
维吾尔文 3 月4日
25350 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تىيانشان تورى: www.ts.cn


# «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيلى

## —— مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

خەلق گېزىتى باش ماقالىسى

باھار زېمىنغا ئۈمىد چاچتى، بارچە مەۋجۇدات ھاياتىي كۈچكە تولدى. بۈگۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. ئىللىق باھار نۇرىغا چۆمۈلۈپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى زىممىگە ئېلىپ، 34 ساھەدىن كەلگەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2000دىن ئارتۇق ئەزاسى بېيجىڭغا جەم بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭەشتى. بىز يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

2020 - يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلنى ئەسلەپ ئۆتسەك، مۇساپە جاپا - مۇشەققەتكە تولدى، كۆرەش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان ۋەزىيەت، ۋەزىپە، مىسلىسىز خەۋپ - خەتەر، خىرىس ئالدىدا،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى دەۋردە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، بۇ يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2021 - يىللىق خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكچىلىك، كاپالەتلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، بايراق روشەن ھالدا پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 3تە ئېچىلىدۇ

## 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بۈگۈن كەچتە تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3تە بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلىدۇ.

ئېچىلىش يىغىنىدا، يىغىنغا قاتناشقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ قارالمىلىرىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللايدۇ، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتىدۇ.

مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى ئېچىلىش يىغىنىدا ۋاڭ ياڭ بەرگەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلاتنى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە تارقىتىدۇ؛ شىنخۇا تورى ئېچىلىش يىغىنىنى نەق مەيداندىن سۈرەت ۋە يېزىق شەكلىدە بىۋاسىتە تارقىتىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى «يولغا قويۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ

# پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى شىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى «پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى.

«لايىھە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2021 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«لايىھە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئېتىقاد، ئەقىدىنى چىڭىتىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، پارتىيەنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بۇ قېتىمقى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، پارتىيە تارىخىنىڭ تارىخنى بۈگۈن ئۈچۈن ئۆگىنەك قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر لاچىن بايەكەنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

ۋاڭ جۈنجېڭ كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باتۇرلارچە قۇربان بولغان «دەۋر نەمۇنىچىسى»، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى لاچىن بايەكەنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئادەم قۇتقۇزۇشقا بىللە قاتناشقان مۇساجان نۇردۇن بىلەن ئۈرۈمچىدە كۆرۈشتى.

ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، لى شۆجۈن، جۇرئەت ئىمىن كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى.

يولداش لاچىن بايەكە ھايات ۋاقتىدا 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ يېزىسىنىڭ چېگرا قوغدىغۇچىسى، مەملىكەتلىك ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىسى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىدى. ئۇ نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، قارلىق ئېگىزلىكتە يىلتىز تارتىپ، ۋەتەننى سۆيۈش ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، چېگرانى چارلاش، چېگرانى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئۇ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 41 يېشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن لاچىن بايەكەگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: لاچىن بايەكە پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى چەكسىز قىزغىن سۆيۈپ، باشتىن - ئاخىر بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ چېگرانى قوغداپ، بىر ئۆمۈر ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۆزگەرتمەي، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزىدىغان قەھرىمانلىق مەدھىيە ناخشىسىنى ھاياتى بىلەن پۈتۈپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى شەرھلەپ، ئۆچمەس روھ ئابىدىسىنى تىكلىدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: لاچىن بايەكە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاۋانگارت نەمۇنىچى، چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداشتىكى سادىق قوغدىغۇچى، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇشتىكى دەۋر نەمۇنىچىسى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بېيجىڭغا يېتىپ باردى



3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يېتىپ باردى. □ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **لى ياڭ، ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن، ئۈمىد ۋە مۇھىم تاپشۇرۇقنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يېتىپ باردى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى جەمئىي 56، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ مىللىتىدىن 21،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئېگىزلىك ئاسمىنىدىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇز

## —— «دەۋر نەمۇنىچىسى» لاچىن بايەكەنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلىش مۇراسىمىدىن خاتىرە

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ليۇ شياڭ

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىنىڭ «دەۋر نەمۇنىچىسى»نى ئېلان قىلىش زالى، ئاڭلىتىش ئۆيىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئېكرانىدا، «دەۋر نەمۇنىچىسى» دېگەن ئالتۇن رەڭلىك خەتلەر چاقناپ تۇراتتى، «دەۋر نەمۇنىچىسى» لاچىن بايەكەنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلىش مۇراسىمى بۇ يەردە باشلاندى.

لاچىن بايەكە ھايات ۋاقتىدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ يېزىسى تىزناپ كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، چېگرا قوغدىغۇچى ئىدى. 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، 41 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

لاچىن بايەكەنىڭ ھاياتى ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا بېغىشلاندى. 2004 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەندىن بۇيان، ئۇ ۋەتەنگە بولغان سەممىي ساداقىتى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىنى چىڭ ساقلاپ، ياشلىق باھارى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن دۆلەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ھەربىر سۇڭ دۆلەت زېمىنىنى قوغداپ، چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە شۇ جايدىكى چارۋىچىلار تەرىپىدىن بۇلۇتلار ئارىسىدا چېگرانى قوغداۋاتقان «پامىر بۈركۈتى» دەپ تەرىپلەندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




# مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى لاچىن بايەكەگە «دەۋر نەمۇنىچىسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان، يېڭى سەپەرگە ئاتلانغان پەيتتە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى پۈتۈن جەمئىيەتكە يولداش لاچىن بايەكەنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا «دەۋر نەمۇنىچىسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى.

لاچىن بايەكە، ئەر، تاجىك مىللىتىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، 1979 - يىلى تۇغۇلغان، 2001 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 2003 - يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چارلاش يېتەكچىسى بولغان، ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ يېزىسى تىزناپ كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، چېگرا قوغدىغۇچى بولغان. 2018 - يىلى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، قەشقەر داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بەختكە قارشى 41 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

سكانېرلاپ «قارار»نىڭ تولۇق تېكىستىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)